# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

2020 - يىل 11 - ئاي
16
دۈشەنبە
维吾尔文 11月16日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25247 - سان بۈگۈن 4 بەت


### «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

## دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىللىقنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرايلى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشردىن چىقىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 22 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىللىقنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

خەن جېڭ قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى



11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنجىڭ شەھرىدە چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنجىڭ شەھرىدە چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ، رايونلار ماس تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئۈلگىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى يارىتىپ، تاغ، سۇ، ئادەم، شەھەرنىڭ ئۆتۈش، ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشنىڭ يېڭى يۈگمە رەسىمنى سىزىپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنى دۆلىتىمىزدىكى ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرىدىغان ئاساسىي تومۇرغا، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاساسىي قوشۇنغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ جياڭسۇدىكى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن مەخسۇس بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. سۆھبەت يىغىنىدا، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىسترلىقىنىڭ مىنىستىرى خۇاڭ رۇنچيۇ، سۇچىلىق مىنىسترلىقىنىڭ مىنىستىرى ئې جىڭپىڭ، يېزا ئىگىلىكى - يېزا مىنىسترلىقىنىڭ مىنىستىرى خەن چاڭفۇ، جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لوۋ چىنجيەن، جياڭشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ليۇ چى، سىچۈەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى پېڭ چىڭخۇا قاتارلىق يەتتە يولداش ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلىپ، خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما سۆز تاپشۇردى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بەش يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دەريا بويىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېشىل تۈس ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈردى، سالمىقىنىڭ زورلۇقى، كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى مىسلىسىز بولدى، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشتا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈزبەردى، ئىقتىساد،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### تۈمەن چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈش

#### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شاڭخەي، جياڭسۇ سەپىرىدىن خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىجەي
خەلق گېزىتى مۇخبىرى دۇ شاڭزې

تۈمەن چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسى شەرققە ئۆركەشلەپ ئېقىپ، ئېگىز تاغ، دېڭىزلارنى تۇتاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ روشەن پەزىلىتىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئوزۇق ئاتا قىلدى.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى يېپىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، باش شۇجى شى جىنپىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلارغا بېرىپ، شاڭخەي، جياڭسۇ ئىككى جاينى تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، بىر قاتار «بىرىكمە ھەرىكەت» ئارقىلىق، كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى ——

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شاڭخەيدە پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى؛

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىندىن 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، جياڭسۇنىڭ نەنتۇڭ، ياڭجوۋ لىنىيەسىنى بويلاپ ئېقىنغا قارشى مېڭىپ، چاڭجياڭ دەرياسى ۋە قانالنىڭ قىرغاق لىنىيەسى، سۇچىلىق تۈگۈنى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى؛

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جياڭسۇ نەنجىڭدا چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**(1) «شۇ ئىزلار ئاشۇ تاغنىڭ ھۆسنىگە بېرىپ زىننەت، بۈگۈن ئۇ كۆرۈنمەكتە تېخىمۇ گۈزەل - ھەيۋەت»**

دۇڭخەي دېڭىزى ساھىلىدا، ئۆركەشلىگەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۈمەن چاقىرىملىق دولقۇنلاپ ئېقىشىدىن توپلانغان ئۇلۇغ كۈچتىن چەكسىز ھەيۋەتلىك مەنزىرە نامايان بولغاندى.

«شۇ ئىزلار ئاشۇ تاغنىڭ ھۆسنىگە بېرىپ زىننەت، بۈگۈن ئۇ كۆرۈنمەكتە تېخىمۇ گۈزەل - ھەيۋەت»

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىش يىغىنى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىش مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تامامىلاش كېرەك

## چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

بۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىش يىغىنى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىش مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، چېن چۈەنگو، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىكى مەسئۇل يولداش ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى، يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى، سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى قاتارلىقلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۆزى جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم سۆزلەرنى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىزنى، قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىزنى تۈپ مىزان ۋە ئىلمىي كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 101 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

## مۇشۇ ئاينىڭ 23 - كۈنى 20 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىش قارار قىلىندى

بۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 101 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 - قېتىملىق يىغىنىنى مۇشۇ ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان سەككىز ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 57 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

## تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ سانى 200دىن ئاشتى

بۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئېنىق دىياگنوز

(ئاخىرى 4 - بەتتە)